{يا ايهاالذ ين امنوا اطيعوالله واطيعواالرسول واولى الامر منكم}
ئى مۆئمىنلەر! اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار ، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئىگىلىرىڭىزگىمۇ ئىتائەت قىلىڭلار(4:59)

ئىسلامى نۇقتىدىن



# ھاياتقا نەزەر

7 - سان



ولتكن منكم امة يدعون الى الخير ويامرون بالمعرف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون
ئاراڭلاردا ياخشىلىققا (ئىسلامغا) دەۋەت قىلىدىغان، مەئرۇپ ئىشلارغا بۇيرۇپ مۇنكەر ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر (3:104)

{لا تجيد قوما يؤ منون بالله واليوم الاخر يوادون من حاد الله ورسوله ولو كانوا اباءهم او أبناءهم او اخوانهم او عشيرتهم اولئك كتب في قلوبهم الايمان وايدهم بروح منه ويدخلهم جنات تجري من تحتها الانهار خالدين فيها رضي الله عنهم ورضواعنه اولئك حزب الله الاان حزب الله هم المفلحون}

اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان قەۋمنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىزغان سىزىقتىن چىققان ئادەملەر بىلەن - گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى ياكى ئوغۇللىرى ياكى ئاكا - ئۇكىلىرى ياكى قېرىنداش ئۇرۇق تۇققانلىرى بولسىمۇ دوستلىشۇاتقىنىنى كۆرمەيسىز ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىغا (الله) ئىماننى پۈتۈپ قويغاندۇر ۋە ئۇلارنى ئۆز تەرىپىدىن بولغان روھ - قۇرئان بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرگەندۇر ئۇزات ئۇلارنى ئاستىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرىدىغان ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ الله ئۇلاردىن رازى بولدى ۋە ئۇلارمۇ (اللەدىن - ئۇزات بەرگەن ئەجىر مۇكاپاتلاردىن) رازى بولدى ئەنە شۇلار الله پارتىيىسىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئەلۋەتتە اللەپارتىيىسى (بولغان زاتلارلا) نىجات تاپقۇچىلاردۇر(22:58)

بسم الله الرحمن الرحيم

يريدون ان يطفؤا نور الله بافواههم ويابى الله الا ان يتم نوره ولو كره الكفرون ○ هو الذى ارسل رسوله بالهدى ودين الحق ليظهره على الدين كله ولو كره المشركون ○

﴿ ئۇلار اللە نىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان ياۋىداق بوھتانلىرى ) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ اللە ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ. مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ اللە ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن ، غالىپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى ﴾ (9: 32 ـ 33)

## رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا اللە خالىغان ۋاقىتقىچە پەيغەمبەرلىك داۋام قىلىدۇ، كېيىن اللە خالىغان ۋاقىتتا ئۇنى كۆتۈرىدۇ ، كېيىن پەيغەمبەرلىك مىنھاجى ئاساسىدا خەلىپىلىك بولىدۇ ۋە ئۇ اللە خالىغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ ، كېيىن اللە خالىغاندا ئۇنى كۆتۈرىدۇ ، كېيىن خەلىققە زۇلۇم ئادالەتسىزلىك يەتكۈزىدىغان پادىشالىق بولىدۇ ۋە ئۇ اللە خالىغانغىچە داۋام قىلىدۇ، كېيىن اللە خالىغاندا ئۇنى كۆتۈرىدۇ ، كېيىن زالىم زوراۋان پادىشالىق بولىدۇ ۋە ئۇ اللە خالىغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ ، كېيىن اللە خالىغاندا ئۇنى كۆتۈرىدۇ، كېيىن پەيغەمبەرلىك مىنھاجى ئاساسىدا خەلىپىلىك بولىدۇ».(بۇنى ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابىنىڭ 4\273 دە نۇئمان ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىدۇ)

# ئىسلامى نوقتىدىن ھاياتقا نەزەر

مۇندەرىجە


سىلەر نىمىشقا قايغۇرىسىلەر.................2

ئەھمەدى نىجاتنىڭ بوشقا يازغان خېتى.........8

پىكرى جەھەتتىن مەغلۇپ بولغان كومۇنىستلار ۋەقە سادىر قىلىپ ئىسلامغا زەربە بەرمەكتە...............14

كومۇنىستلارنىڭ شەكلى ھەرخىل ماھىيتى بىر خىل سىياسەتلىرى ...................19

خەۋەرلەر..........................24



بوستان تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىككە قىلغان ئىختىسادى ياردىمى بىلەن
2066 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى



www.uyghurkitap.com

بۇ ھەقتە كاپىرلار مۇنداق دەيدۇ : « دېڭشاۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ ، ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا ئۈندەش بولۇش. دىنىنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىش، مىللەتلەر ئىتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش» (جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى، 2006 ـ يىل 2 ـ سان 29 ـ بەت)

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش دېگىنى : ئىنسان ھايات كائىنات ياراتقۇچىنىڭ مەخلۇقلىرى بولۇپ رەببىمىز ئۇلارغا بەلگىلىك خۇسۇسىيەت، قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن ھەم شۇ قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا تەرتىپلىك رىتىملىق باشقۇرۇپ تۇرىدۇ دېگەندەك ئازراق ئەقىل ئىشلەتكەن كىشىنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئەقلىنى قانائەتلەندۈرىدىغان يېشىمگە كەلگەنلىك تەبىيەت بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىك، ماددىلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئەدرىجى تەرەققىياتقا باغلاپ ئۇلارنىڭ چەكلىك، ئاجىز، مۇھتاجلىقىنى ئىنكار قىلىپ ، ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك ھەركىتتەبىيتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن كەلگەن دەپ تونۇپ، شۇ ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرىنى باشقۇرىۋاتقان كومۇنىست يېتەكچىلىرىنى كاپىر، دىنسىز، دەھرى دەپ چەتكە قاقماي، ئۇلار تۈزگەن كۈپرى قانۇنلىرىغا قارشى چىقماي، خرىستىيان كاتولىك مۇشرىكلىرى بۇددا دىنى بۇت پەرەسلىرى، خۇداسىز دەھرى كومۇنىستلىرىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كاپىر مۇشرىكلىقىنى ئۆچكۈرۈپ خەلق ئالەمگە يايماي ئىسلامى ئەقىدە ئۆزۈملەرنىڭ ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان مەنپەئەتلىرىگە زىت كېلىدىغان قىسمىنى چىقىرىپ تاشلاپ نەتىجىدە ئىسلامنى ھاياتتا جەۋلان قىلدۇرىدىغان خەلقلىككە قارشى كومۇنىست بىلەن بىرياقتىن باش بىرەلەمدىن قول چىقىرىپ كۆرەش قىلىدىغان ھالەتكە ئەكىلىش دېگەنلىكتۇر.

* سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش : ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغان تۇرمۇش باياشات يېزا ئىستىلى مەدەنىي، يېزا قىياپىتى رەتلىك ۋە پاكىز ، باشقۇرۇشى دېموكراتىك بولغان يېزا بەرپا قىلىشتۇر.

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاساسى قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيەلەش يىغىنىدا ۋاڭلېچۈەن مۇنداق دېدى « ... يېزا بازارلىق پارتكوم ھۆكۈمەتلەر يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇشتەك ئالاھىدە ئورۇندا بولۇپ ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلەش ئارقىلىق كەسپى كادىرلارنىڭ سىياسى قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلاش كېرەك ، توغرا بولغان سىياسى مەيدان سىياسى نىشان ۋە سىياسى قاراش تۇرغۇزۇپ سايىسى سەزگۈرلۈك ۋە سىياسى پەرىقلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك، يېزا بازارلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە بولۇپ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان يېزا ـ بازارلاردىكى پارتكوم شۇجىلىرى ۋە يېزا ـ بازار باشلىقلىرىنى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ دېگەن ئىدىيەدە قەتئى تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ قېتىملىق مەخسۇس تەربىيەلەشنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى باشتىما قىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدۇ، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئىشلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى ياخشى ئىلغار مەدەنىيەتلىك ئىمكانىيەتلىك تۈزۈم سىياسەت تەدبىرلىرى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئىگىللىك تىكلەپ بېيىشىغا ئىلھام بېرىش ، سىياسەت قارىشى ۋە قانۇن تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىپ ئاممىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كەنتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇش



ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتىرىش كېرەك »

سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپاقىلىش دېگىنى :

ئۇيۇشمىلارغا قوشۇلۇپ كەتمەي خۇداسىز كومپارتىيەگە قوشۇلىدىغان، باللارنى ئىسلامى ئەقىدە ۋە ئۆزۈم بويىچە تەربىيەلىمەي دىنسىزلىقنى ئاساس قىلىدىغان يۇچەك ماڭارىپ سىستېمىلىرىدا تەربىيەلەيدىغان، زېھنى قۇۋۋىتىنى رەببىنىڭ رازىلىقى، جەننىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەرپلىمەي ماددى دۇنيانى بىزەشكە قارتىپ كاپىرنىڭ ئاتالمىش كومۇنىزمىغا يېتىشكە ھەمكارلىشىدىغان ، بارچە ئاۋام خەلقلىككە، ئىسلامغا چاقىرغۇچىلارغا قارشى تۇرىدىغان، قوللىماي چەتكە قاقىدىغان ۋە ئۇلارنى پايلاپ كۆزىتىپ كاپىرغا چېقىپ مۇكاپاتلىنىشقا تەييار تۇرىدىغان كومۇنىستنى «نىجات يۇلتۇزى » دەپ ساناپ كافىر ئۇر دېسە ئۇرىدىغان ئۆل دېسە ئۆلىدىغان مۇناپىق غالچىلار يېتىشىپ چىققان يېزابازار كەنتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

دېمەك، كومۇنىستلارنىڭ ئىلمى تەرەققىيات قارىشى، ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا كومۇنىستلار ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدە خەلقلىرى ئىسلام نىزامىنى ھاياتقا ھۆكۈمران قىلىشىدىن ئىسلامى، سىياسى بەرپا قىلىش دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئۆزۈملىرىنىڭ ھايات قانۇنى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى بەر ئارىدىن يوقىتىۋېتىپ يوق قىلىۋېتىشكە مەركەزلەشكەندۇر. مانا بۇلار كومۇنىستلارنىڭ شەكلى ھەرخىل ، ماھىيىتى بىرخىل ئاتالغۇ ۋە ياۋۇز سىياسەتلىرىنىڭ ماھىيىتىدۇر. كاپىرلارنىڭ مەخسىتى مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە ئوخشاش كاپىر قىلىشتۇر. الله بۇھەقتە مۇنداق دېدۇ {كاپىرلار ئۆزلىرى كاپىر بولغاندەك سىلەرنىڭمۇ كاپىر بولۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىدۇ } ( ) .

{ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان ياۋىداق بوھتانلىرى )بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ . الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ . كاپىرلار بۇنى يامان كۆرگەن تەغدىردىمۇ . الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى ) يامان كۆرگەن تەغدىردىمۇ } (9: 32 ـ 33).

## قېرىنداشلارغا نىدا

دەۋەتچى بىز قېرىنداشلار دەۋەت ئاچايلى ،
ئالاي يىللار زۇلمەتتە كاپىرلارغا قۇل بولدۇق.
ئۈممەتلەرگە يوپ ـ يورۇق ئىمان نۇرى چاچايلى،
خەلقلىك ئۆزۈمگە شۇنچىۋالا زار بولدۇق.

تەشنايۈرەك دەۋەتكە، ھەقىقەتكە ئىسلامغا،
بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارمىز جان تەسەددۇق ئەيلەشكە.
بۇيولدىن ئېغىشماي يېتەيلى بەخت ، ماكانغا،
نىمە توسۇپ قالغاي ئاتلىنىشقا كۈرەشكە .

كۇفۇرى نىزام قانۇنغا ھەر ۋاقىت گۇلخانىمىز .
شىرىك قىلساق بۇ سودىدا زىيان يوق ساۋاپتىن .
ئىزلەپ يۈرسەت دائىم پەقەت كەينىگە يانمايمىز.
«ئازغۇن يولى» توسمىسۇن ھەقىقەتتىن ـ دەۋە



www.uyghurkitap.com

## پىقىرلارنىڭ ھەقلىرى قەيەردە ؟

※ 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شاۋشىمىن مەسچىت جامائەتلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئەتىراپىدىكى كۆپلىگەن مەسچىتلەرنىڭ ئىمام ـ مۇئەززىنلىرىنى چاقىرىپ مەسچىتنىڭ يولىدا توت ماشىنىدا نەنسەنگە ساياھەتكە ئويۇنغىلى چىققان ، ئائىلە دائىرىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ماڭغان ، شۇ جەرياندا بەش ئائىلە مىڭ يۈەن سەرىپ قىلغان .

## ساختا فورما

※ 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بىر باققالغا ياللانما سالچى پىچاق تىققان پىچاق تىقىلغۇچى باللىنى باشقىلار يولەشتۈرۈۋاتقاندا ئەتىراپىتىكى باشقا ئامانلىق قوغدىغۇچىلار يولەشتۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى تۇرۇپ دۇمبالاپ كارىگلار بولىمسۇن دەپ ھەيدىۋېتىپ ئۇ باللىنى ماشىنىغا سولاپ ئېلىپ كەتكەن .

※ 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى چىڭخەي مەسچىتىنىڭ ئالدىدا يالاڭباش بىر ئايال ھوشىدىن كەتكەندەك يەرگە يىقىلغان بۇنى كۆرگەن كېيىندىكى مۇسۇلمان ئايال ھىلقى ئايالنى يولەشتۈرۈۋاتقاندا قۇراللىق كوچا چارلاش ئەترىتىنىڭ ساقچىلىرى كېلىپ مۇسۇلمان ئايالنى تۇرۇپ دەسسەپ ج خ ئورگىنىنىڭ ماشىنىسىغا سىلىپ ئېلىپ كەتكەن .

---

# قانۇن قىلساڭ قۇرئاننى...

قانۇن قىلساڭ قۇرئاننى ، يىغلىمايسەن كۈلسەن ،
مۆئمىنلەرنى قاخشاتقان تىكەنلەرنى يۇلسەن.
ئۆز جىنىڭنى ئاتساڭ ھەق يول يەنى ئىسلامغا ،
ئەبەدى ماكان جەننەتتە دائىم كىرىپ يۈرسەن.

※ ※ ※ ※ ※

قانۇن قىلساڭ قۇرئاننى ئېرىشىسەن ئازاتقا ،
دەسسىمەيسەن ئالدىراپ كاپىر قۇرغان تۇزاققا .
دائىم ھەقنى ئىزدىسەڭ يەڭسە تۇرما قاماقنى ،
يۈرىكىڭمۇ تولمايدۇ پۇشايمانغا ئازاپقا .

※ ※ ※ ※ ※

قانۇن قىلساڭ قۇرئاننى جەننەت ساڭا ھامان بار ،
بىلىنمەيدۇ ئالەمدە جاھان ساڭا شۇنچە تار.
ھەبىب تۇتساڭ اللە نى بىلسەڭ رەسۇل يولىنى ،
تۆۋەنلىكتە يۈرمەيسەن كاپىرلارغا بولۇپ خار.

※ ※ ※ ※ ※

قانۇن قىلغىن قۇرئاننى يەرشارىدا جەم بولۇپ ،
يىتەكچى قىل ئەمرىنى دىلغا ئىمان تولدۇرۇپ.
دىنىدىن توسقان كاپىرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ ،
يوقىتايلى بولدى بەس. ھەممىمىز تەڭ قوزغىلۇپ.